# جەننەت ئاياللىرىنىڭ سۈپەتلىرى

تۈزگۈچى: ئابدۇلئەزىز ئىبنى مۇھەممەد

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەبۇ ئابدۇللاھ

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# جەننەت ئاياللىرىنىڭ سۈپەتلىرى

**تۈزگۈچى: ئابدۇلئەزىز ئىبنى مۇھەممەد**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەبۇ ئابدۇللاھ**

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز........................................................3
جەننەت ئايالىرىنىڭ سۈپەتلىرى........................................10
پاك جۈپتىلەر.....................................................10
گۈزەل ئاياللار....................................................17
جەننەت ئاياللىرى ئەرلىرىگە مۇڭلۇق ئاۋازلىرى بىلەن ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ ...19
جەننەت ئاياللىرى سەدەپتە ساقلانغان گۆھەرگە ئوخشايدۇ..................19
جەننەت ئاياللىرى ئاقلىقتا گويا قول تەگمەي ساقلانغان تۆگىقۇشنىڭ تۇخۇملىرىدۇر...............................................20
جەننەت ئاياللىرى خۇددى ياقۇت ۋە مەرۋايىتتۇر...........................21
هۆر.............................................................23
كۆز.............................................................29
ئۆز ئەرلىرىدىن غەيرىيگە كۆز سالمايدىغان ئاياللار..........................30
چېدىرلاردىكى مەستۇرە هۆرلەر.........................................32
كۆكسى كۆتۈرۈلگەن قىزلار...........................................35
ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلىپ باقمىغان قىزلار.........................36
ئەرلىرىگە ئامراق.................................................39
تەڭتۇشلار........................................................40
خاتىمە...........................................................41

بسم الله الرحمن الرحيم

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

# كىرىش سۆز

شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇ-سانالار اللە قا خاستۇر! ئۇ زاتتىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن اللە قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. اللە ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ ۋە اللە ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر اللە تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ اللە نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

شەك - شۈبھىسىزكى، اللە تائالا بەندىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت بۈيۈك مەقسەت ئۈچۈن ياراتتى. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ «جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم».[1]

اللە تائالانىڭ نەزىرىدە مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى ئۇلارنىڭ تەقۋادارلىرى ۋە ئىبادەتگۈيلىرىدۇر، بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ﴾ «ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اللە نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن

[1] سۈرە زارىيات 56- ئايەت.

بولىدۇ)».[1]

ئىنسان اللە تائالاغا ئىبادەت قىلمىغان ۋاقىتتا شەيتاننىڭ مىنىدىغان ئۇلىغى بولۇپ قالىدۇ؛ ھاۋايى - ھەۋەسلىرى ئۇ ئىنساننى خالىغانچە ئوينىتىپ، شەھۋەتلىرى ئۇنى ھەر تەرەپلەرگە ئېلىپ كېتىدۇ؛ ئۇنىڭ قەلبى قارىغۇ بولۇپ قېلىپ، يۈزىچە ماڭىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يَعْشُ عَنْ ذِكْرِ الرَّحْمَنِ نُقَيِّضْ لَهُ شَيْطَانًا فَهُوَ لَهُ قَرِينٌ ۞ وَإِنَّهُمْ لَيَصُدُّونَهُمْ عَنِ السَّبِيلِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ مُهْتَدُونَ ۞﴾ «كىمكى مېھرىبان اللە نى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ [36]. شەك - شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۇلارنى (يەنى ئازغۇن كۇففارلارنى) توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ [37]».[2]

مەلئۇن ئىبلىس تەۋھىد ۋە ئىبادەتنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇنىڭ ئادەم باللىرىغا قاتتىق ئاداۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئازدۇرۇشنى ئۆزىگە ئۆزگەرمەس مىزان قىلغان. لېكىن تاللانغان بەندىلەر ئىبلىسنىڭ ئازدۇرۇشىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئىبلىس ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا ھېچقانداق ئىمكانىيەتنىڭ يوقلۇقىغا جەزم قىلغان. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالَ رَبِّ بِمَا أَغْوَيْتَنِي لَأُزَيِّنَنَّ لَهُمْ فِي الْأَرْضِ وَلَأُغْوِيَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ ۞ إِلَّا

[1] سۈرە ھۇجۇرات 13- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە زۇخرۇف 36-، 37- ئايەتلەر.

عِبَادَكَ مِنْهُمُ الْمُخْلَصِينَ ﴿ «ئىبلىس ئېيتتى: <پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى گۇمراھ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، يەر يۈزىدە ئادەم بالىلىرىغا (گۇناھلارنى) ئەلۋەتتە چىرايلىق كۆرسىتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەلۋەتتە ئازدۇرىمەن [39]. ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)> [40]».[1]

الله تائالانىڭ تاللانغان بەندىلىرىنى ئازدۇرۇشقا ئىبلىسنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ عِبَادِي لَيْسَ لَكَ عَلَيْهِمْ سُلْطَانٌ وَكَفَى بِرَبِّكَ وَكِيلًا﴾ «شۈبھىسىزكى، مېنىڭ (ئىخلاسمەن) بەندىلىرىم ئۈستىدىن سەن ھۆكۈمرانلىق قىلالمايسەن. پەرۋەردىگارىڭ ھەققەتەن ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر».[2] الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا قَرَأْتَ الْقُرْآنَ فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ ۞ إِنَّهُ لَيْسَ لَهُ سُلْطَانٌ عَلَى الَّذِينَ آمَنُوا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ ۞ إِنَّمَا سُلْطَانُهُ عَلَى الَّذِينَ يَتَوَلَّوْنَهُ وَالَّذِينَ هُمْ بِهِ مُشْرِكُونَ ﴿ «سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن [98]. شۈبھىسىزكى، مۇئمىنلەرنىڭ ۋە پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلغۇچىلار (يەنى يۆلەنگۈچىلەر) نىڭ ئۈستىدىن شەيتان ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ (يەنى پەرۋەردىگارىغا چىن يۆلەنگەن مۇئمىنلەرگە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى

[1] سۈرە ھىجر 39-، 40- ئايەتلەر.

[2] سۈرە ئىسرا 65- ئايەت.

تەسىر قىلالمايدۇ) [99]. شەيتان پەقەت ئۆزىنى دوست تۇتىدىغانلار ۋە ئۆزىنىڭ (ئىغۋا قىلىشى) بىلەن مۇشرىك بولۇپ كەتكەنلەر ئۈستىدىنلا هۆكۈمرانلىق قىلىدۇ [100]».①

مەلئۇن ئىبلىسنىڭ كۈچى پەقەت ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە، اللە قا شېرىك كەلتۈرگەن مۇشرىكلارغا ۋە نەپس - خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ اللە ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىدىغان كىشىلەرگىلا يېتىدۇ. ئىبلىس ئادەم بالىلىرىنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدۇ، بەزىدە شۈبهىلەر بىلەن ۋە بەزىدە كۆپ قىسىم ئەگەشكۈچىلىرىنى ئازدۇرغان شەهۋەتلەر بىلەن ئازدۇرىدۇ. ئىبلىسنىڭ دوزاخنى ۋاجىب قىلىدىغان بۇزۇق تاۋارلارنى يۈگەش ئۈچۈن زىنا قىلىشنى ۋە كۆزلەرنىڭ هارامغا قارىشىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، هارام قىلىنغان لەززەتلەرنى كۆزنىڭ خۇرسەنلىكى ۋە نېمەت سۈرىتىدە سۈرەتلەپ بەرگەنلىكى ئەنە شۇ ۋاستىلىرىنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، شەيتاننىڭ دوستلىرى ئىبلىس چاقىرغان كۆزلىرىدە هارامغا قاراش ۋە زىنا قىلىشتەك گۇناهلارنى قىلىدۇ.

نېمە ئۈچۈن؟ پەس شەهۋەت ۋە ئەرزىمەس لەززەت ئۈچۈن. ئۇ لەززەتنىڭ يوقىلىشى نېمىدېگەن تېز، زىيىنى نېمىدېگەن ئېغىر - هە!؟ سىز هارام قىلىنغان نەرسىلەرگە قارىغان ۋاقتىڭىزدا هارام لەززەتنى قىسقا مۇددەت تاپسىڭىزمۇ لېكىن ئۇ ئىماننى كەتكۈزۈپ، ئىمان نۇرىنى ئۆچۈرۈپ، گۈزەللىك تۇنىنى تارتىۋېلىپ، هايا زىنىنىتىنى سالدۇرۇپ، پىكرىڭىزنى ئىتائەتتىن يۈز ئۆرۈتۈپ، ناچار ۋە پەس سۈرەتلەرگە ئاشىق بولۇش پىكرىنى

① سۈرە نەهل 98- ئايەتتىن 100- ئايەتكىچە.

قەلبىڭىزگە تاشلايدۇ. سىز بۇ خىل ئەھۋالغا مۇپتىلا بولغان كىشىنى شەھۋەت كېسەللىكى ۋە هارام بىلەن لەززەتلىنىش كېسەللىكى پۈتۈنلەي پېتىنىگە تاشلىغانلىقىنى ھەمدە شەھۋەتكە قۇل ۋە نەپس - خاھىشىغا ئەسىر بولۇپ، ياخشىلىقتىن توسۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇنىڭ هارام لەززەتكە ئېرىشىشتىن باشقا ئارزۇسى قالمايدۇ. ئۇ نېمىدېگەن كۆپ نەرسىلەردىن مەھرۇم قالغان ۋە زىيان تارتقان، نەقەدەر ئەقىلسىز كىشى - ھە!؟

شەك - شۈبھىسىزكى، نەپس - خاھىشىغا ئەسىر بولۇپ، پەرۋەردىگارىغا ئاسىيلىق قىلىپ، رەببىنى نارازى قىلغان كىشى بولسا ئېغىر ئازاب بىلەن قورقۇتۇلغان، ئاخىرەتنى زايە قىلىۋەتكەن ۋە نازۇ - نېمەتلىك جەننەتلەردىكى كاتتا نېمەتلەرنىڭ قولدىن كېتىشىگە ھەرىكەت قىلغان كىشىدۇر. ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ۋە لەززەتلىرىنى مۇشۇ دۇنيادا تولۇق تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، ئۆز ياخشىلىقلىرىدىن مۇشۇ دۇنيادا مەنپەئەتلىنىپ، ياخشىلىقلىرىنى تۈگىتىپ بولغان كىشىلەردىن الله تائالانىڭ خەۋەر بەرگىنىدەك، ئۇ كىشى ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇڭا ساھابىلەر ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەن كىشىلەر بۇ خىل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتىن قاتتىق قورقۇشاتتى».[1]

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ هارام لەززەتنى تەرك ئەتسە، ئۇ لەززەتنى قىيامەت كۈنى تولۇق تاپىدۇ؛ كىمكى هارام لەززەتنى تەرك ئەتمىسە، ئۇ

[1] ئىبنى قەييىمنىڭ «حادي الأرواح» ناملىق كىتابى 311- بەت.

لەززەتتىن قىيامەت كۈنى مەھرۇم قالىدۇ ياكى ئاز مەنپەئەتلىنىدۇ. اللہ تائالا ئۆزىگە ئاسىي بولۇپ، ھارام قىلىنغان ئىشلاردىن لەززەتلەنگەن كىشىنىڭ لەززىتىنى، اللہ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، شەھۋەتلىرىنى تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ لەززىتىگە ئوخشاش قىلمايدۇ».[1]

ئى ئەقىللىق ئىنسان، ھارام لەززەتنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ گۇناھ بىلەن بىرخىل ئۆلچەمدە ئۆلچەنگەنلىكىگە قارىسىڭىز، پىتنىگە چۈشكۈچى گىرىپتار بولغان ھارام لەززەتتىن ئىبارەت بۇ كېسەلنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ خەتىرىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيسىز. (اللہ تائالا بىزنى ۋە سىزنى ئۇنداق كېسەلدىن ساقلىسۇن!). ئۇ شۇنداق بىر كېسەلكى، ئۇنىڭغا گىرىپتار بولغان كىشى ئۆزىنى ۋەھىي ئارقىلىق داۋالىمىسا ھالاك بولىدۇ. ھىدايەت تاپقان كۆپلىگەن كىشىلەر مۇشۇ كېسەل سەۋەبىدىن ئېزىپ كېتىدۇ. ئەزىز بولغاندىن كېيىن، بۇ كېسەل سەۋەبىدىن خار بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەر نۇرغۇن.

ئاياللارغا مەپتۇن بولۇش — كەڭ تارقالغان خەتەرلىك كېسەل بولۇپ، ئۇ كۆپلىگەن بۇزۇقچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ بىزنى بۇ كېسەلدىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «دۇنيا ھەقىقەتەن گۈزەل ۋە شېرىندۇر، اللہ سىلەرنى دۇنياغا ئورۇنباسار قىلىپ، ئاندىن سىلەرنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارايدۇ.

[1] ئىبنى قەييىمنىڭ «حادي الأرواح» ناملىق كىتابى 311- بەت.

مال - دۇنيا ۋە ئاياللاردىن پەخەس بولۇڭلار، ھەقىقەتەن ئىسرائىل ئەۋلادىدىكى بۇزۇقچىلىق ئالدى بىلەن ئاياللاردىن باشلانغان ئىدى».[1]

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن ئەرلەرگە ئاياللاردىنمۇ زىيانلىقراق بىر پىتنىنى قالدۇرۇپ قويمىدىم».[2]

اللّٰه تائالانىڭ خالىشى بىلەن، مەن بۇ كىتابتا اللّٰه تائالا مۇئمىنلەرگە خۇش بىشارەت بەرگەن جەننەت ئاياللىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىشنى مەقسەت قىلدىم چۈنكى جەننەت ئاياللىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى تونۇش ئاياللارنىڭ پىتنىلىرىدىن ساقلىنىشقا ۋە ھارام لەززەتنى تەرك ئېتىشكە سەۋەب بولىدۇ. جەننەت ئاياللىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلگەن ۋە ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىنى تونۇغان كىشىلەر قانداقمۇ غەپلەت ئەھلىنىڭ يوللىرىدا ۋە خارلىقتا رازى بولۇپ، جەننەتتىكى بۈيۈك لەززەتنى مەھرۇملۇق ۋە ئازاب بولغان ئەرزىمەس ۋاقىتلىق لەززەتنىڭ باراۋىرىگە ساتىدىغان جىنايەتچىلەرنىڭ يوللىرىدا مېڭىشنى تاللىسۇن!؟ قىزىقتۇرۇش ۋە قورقۇتۇش ئىمان ئەھلىنىڭ ئىتائەتكە ئالدىرىشىغا ۋە اللّٰه تائالا ھارام قىلغان ئىشلاردىن يىراق بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. اللّٰه تائالادىن قېرىنداشلىرىمىزنى بۇ كىتابتىن مەنپەئەتلەندۈرۈشىنى، كاتتا ساۋابقا ئېرىشتۈرۈشىنى ھەممە بىزنى ۋە قالغان قېرىنداشلىرىمىزنى نېمەتلىك جەننەتلەرگە يېتەكلىشىنى سورايمەن.

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# جەننەت ئاياللىرىنىڭ سۈپەتلىرى

## پاك جۈپتىلەر

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَبَشِّرِ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ كُلَّمَا رُزِقُوا مِنْهَا مِنْ ثَمَرَةٍ رِزْقًا قَالُوا هَذَا الَّذِي رُزِقْنَا مِنْ قَبْلُ وَأُتُوا بِهِ مُتَشَابِهًا وَلَهُمْ فِيهَا أَزْوَاجٌ مُطَهَّرَةٌ وَهُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بەرگىن. ئۇلار جەننەتنىڭ بىرەر مېۋىسىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا: ‹بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن (دۇنيادىمۇ) رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدۇق› دەيدۇ. ئۇلارغا كۆرۈنۈشى دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشايدىغان، تەمى ئوخشىمايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ. جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر (يەنى ھۆرلەر) بېرىلىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ».[1]

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «سىز خۇش بىشارەت بەرگۈچىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى، مەرتىۋىسىنى، راستچىللىقىنى ھەمدە سىزگە بۇ بىشارەتلەر بىلەن خۇشخەۋەر بەرگۈچى (يەنى پەيغەمبەر ﷺ)نى ئەۋەتكەن زاتنىڭ بۈيۈكلىكىنى ۋە سىزدىكى ئاددىي نەرسە باراۋىرىگە سىزگە خۇش بىشارەت بېرىلگەن نېمەتلەرنىڭ قىممىتىنى ئويلىنىپ كۆرۈڭ! اللە

[1] سۈرە بەقەرە 25- ئايەت.

تائالا بۇ بىشارەتتە جەننەتتىكى ئۆستەڭلەر ۋە مېۋىلەر ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغان ماددىي نېمەتلەرنىڭ، پاك جۈپتىلەر بىلەن بولىدىغان مەنىۋى نېئمەتلەرنىڭ ھەمدە ئۇ تۇرمۇشنىڭ ئۈزۈلمەي مەڭگۈ داۋاملىشىدىغانلىقىنى تونۇش ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغان كۆز خۇرسەنلىكى ۋە قەلب نېمەتلىرىنى جەملىدى». ①

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنْطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالْأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَاللَّهُ عِنْدَهُ حُسْنُ الْمَآبِ ۞ قُلْ أَؤُنَبِّئُكُمْ بِخَيْرٍ مِنْ ذَلِكُمْ لِلَّذِينَ اتَّقَوْا عِنْدَ رَبِّهِمْ جَنَّاتٌ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَأَزْوَاجٌ مُطَهَّرَةٌ وَرِضْوَانٌ مِنَ اللَّهِ وَاللَّهُ بَصِيرٌ بِالْعِبَادِ ۞ الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا إِنَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ ۞ الصَّابِرِينَ وَالصَّادِقِينَ وَالْقَانِتِينَ وَالْمُنْفِقِينَ وَالْمُسْتَغْفِرِينَ بِالْأَسْحَارِ ۞﴾ «ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن - كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر، الله نىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك) [14]. (ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە)

① ئىبنى قەييىمنىڭ «حادي الأرواح» ناملىق كىتابى 283- بەت.

ئېيتقىنكى: ‹سىلەرگە ئۇلاردىنمۇ (يەنى دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرى ۋە نېمەتلىرىدىنمۇ) ياخشى بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تەقۋادارلار ئۇچۇن پەرۋەردىگارى ھۇزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ، (ئۇلار) جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، (جەننەتلەردە) پاك جۈپتلەر بار، (تەقۋادارلار ئۇچۇن) يەنە اللە نىڭ رىزاسى بار›. اللە بەندىلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [15]. ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار): ‹پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن› دەيدۇ [16]. ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار) سەۋر قىلغۇچىلاردۇر، راستچىللاردۇر، (اللە قا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل - ماللىرىنى) سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر [17]».①

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ سَنُدْخِلُهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا لَهُمْ فِيهَا أَزْوَاجٌ مُطَهَّرَةٌ وَنُدْخِلُهُمْ ظِلًّا ظَلِيلًا﴾ «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلارغا پاك جۈپتلەر بولىدۇ، ئۇلارنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك سايىسىگە داخىل

① سۈرە ئال ئىمران 14- ئايەتتىن 17- ئايەتكىچە.

قىلمىز».[1] بۇ ، الله تائالا ئۆزىنىڭ تەقۋادار مۇئمىن بەندىلىرىگە خەۋەر بەرگەن كاتتا خۇش بىشارەتتۇر. تەقۋادارلارنىڭ جەننەتتىكى جۈپتىلىرى ھەرقانداق يىرگىنىشلىك ۋە پاسكىنا نەرسىلەردىن خالىي بولۇپ ، پاكلىقتا ئۇلارنىڭ ئاشكارىسى ىچى بىلەن يوشۇرۇنى ئوخشاشتۇر.

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار دۇنيا ئاياللىرىدا بولىدىغان تۈكۈرۈش ، مىشقىرىش ، چوڭ - كىچىك تاھارەت ، نىفاس ۋە ھەيز قاتارلىق ئەزىيەتلەردىن پاك قىلىنغان جۈپتىلەر بولۇپ ، ئۇلار يوشۇرۇن يامان ئەخلاق ۋە سۈپەتلەردىن ، تىلى ئۇياتسىز ، سەت ۋە قەبىھ سۆزلەردىن ، كۆزى ئۆز جۈپتىدىن باشقىغا قاراشتىن ۋە كىيىملىرى مەينەتچىلىكتىن پاكتۇر».[2]

ئىمام ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ الله تائالانىڭ: ﴿لَهُمْ فِيهَا أَزْوَاجٌ مُطَهَّرَةٌ﴾ «ئۇ يەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر بولىدۇ»[3] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «تەقۋادار مۇئمىنلەرگە جەننەتتە ھەيز ، نىفاس ، چوڭ - كىچىك تاھارەت ، تۈكۈرۈك ۋە مىشقىرىشلاردىن پاك بولغان جۈپتىلەر بار بولۇپ ، ئۇلاردا يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھېچبىرى سادىر بولمايدۇ. ئۇلار ئىچكى - تاشقى ئەخلاقلىرى ، سۆزلىرى ، لىباسلىرى ۋە مىجەز - خاراكتېرلىرى پاك قىلىنغان جۈپتىلەردۇر».[4]

---

[1] سۈرە نىسا 57- ئايەت.

[2] ئىبنى قەييىمنىڭ «حادى الأرواح» ناملىق كىتابى 283- ، 284- بەتلەر.

[3] سۈرە نىسا 57- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] ئىبنى كەسىرنىڭ «النهاية في الفتن والملاحم» ناملىق كىتابى 2- توم 509- بەت.

ئى ئەقىللىق ئىنسان ، مانا بۇ جەننەت ئاياللىرىنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. سىز جەننەت تەرەپكە سالىھ ئەمەللەر بىلەن كېلىڭ. الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭ. ئۈمىدكى ، سىز قورقۇتۇلغان پىتنىلەردىن قۇتۇلۇپ ، قىزىقتۇرۇلغان نېمەتلەرگە ئېرىشىسىز. سىز الله تائالانىڭ: ﴿ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَاللَّهُ عِنْدَهُ حُسْنُ الْمَآبِ﴾ «ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر ، الله نىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس ، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك)»[1] دېگەن سۆزنى ئويلىنىپ كۆرۈڭ! ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈلۈك ۋە تېخىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ الله تائالاغا تەقۋالىق قىلىشى ئۈچۈن ، الله تائالا ئۆز بەندىلىرىنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىغا قىزىقتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكلەيدۇ.

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ الله تائالانىڭ: ﴿زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ﴾ «كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى»[2] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

— دۇنيانى چىرايلىق كۆرسەتكەن لەززەت ۋە شەھۋەت ھەمدە دۇنيانى تەلەپ قىلغۇچىلار ۋە ئۇنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرگۈچىلەرنىڭ ئارزۇ - غايىلىرى بولغان نەرسىلەرنىڭ تۆۋەندىكى يەتتە تۈرلۈك نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى الله تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە خەۋەر بەرگەن بولۇپ ، ئۇلار:

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 14- ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران 14- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىرىنچى، دۇنيا زىننەتلىرى ۋە شەھۋەتلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە پىتنىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان ئاياللاردۇر؛

ئىككىنچى، ئەرلىكنىڭ مۇكەممەللىكى، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىززىتىگە سەۋەب بولىدىغان باللاردۇر؛

ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى، ئالتۇن - كۆمۈش بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ جىنسلىرى ۋە تۈرلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلار كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەردۇر؛

بەشىنچى، ئۆز ئىگىلىرىنىڭ ئەزىزلىنىشىگە ۋە پەخىرلىنىشىگە سەۋەب بولىدىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ قورغانى بولغان، شۇنداقلا دۈشمەنلىرىنى قورقۇتۇش ۋە قوغلاپ چىقىرىشقا سەۋەب بولىدىغان جەڭ قوراللىرىدىن ئىبارەت بەلگە قويۇلغان ئاتلاردۇر؛

ئالتىنچى، كىشىلەر ئۇلاغلىرى، تائاملىرى ۋە كىيىم - كېچەكلىرى ئۈچۈن مەنپەئەتلىنىدىغان چارۋا ماللاردۇر؛

يەتتىنچى، ئىنسانلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ چارۋا - ماللىرىنىڭ ئوزۇقلۇق مەنبەسى ھەمدە مېۋە - چېۋە ۋە دورا - دەرمەكلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى بولغان دېھقانچىلىقتۇر».[1]

اللّٰه تائالا بۇ نەرسىلەرنىڭ ھاياتىي دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىك نەرسىلىرى ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، ئۆز بەندىلىرىنى ئاخىرەتنىڭ مەنپەئەتلىك نەرسىلىرىگە قىزىقتۇرۇپ ۋە ئاخىرەتنىڭ مەنپەئەتلىك نەرسىلىرىنىڭ بۇ نەرسىلەردىن تېخىمۇ ياخشى ۋە مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى

[1] ئىبنى قەييىمنىڭ «عدة الصابرين» ناملىق كىتابى 169-، 170- بەتلەر.

ئۇلارغا بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ أَؤُنَبِّئُكُمْ بِخَيْرٍ مِنْ ذَلِكُمْ لِلَّذِينَ اتَّقَوْا عِنْدَ رَبِّهِمْ جَنَّاتٌ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَأَزْوَاجٌ مُطَهَّرَةٌ وَرِضْوَانٌ مِنَ اللَّهِ وَاللَّهُ بَصِيرٌ بِالْعِبَادِ﴾ «(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، ‹سىلەرگە ئۇلاردىنمۇ (يەنى دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرى ۋە نېمەتلىرىدىنمۇ) ياخشى بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تەقۋادارلار ئۇچۇن پەرۋەردىگارى ھۇزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ، (ئۇلار) جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. (جەننەتلەردە) پاك جۈپتىلەر بار، (تەقۋادارلار ئۇچۇن) يەنە اللە نىڭ رىزاسى بار›. اللە بەندىلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر».[1]

ئاندىن اللە تائالا ئاخىرەتنىڭ مەنپەئەتلىك نەرسىلىرىگە لايىق بولغان كىشىلەرنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا إِنَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ ۞ الصَّابِرِينَ وَالصَّادِقِينَ وَالْقَانِتِينَ وَالْمُنْفِقِينَ وَالْمُسْتَغْفِرِينَ بِالْأَسْحَارِ ۞﴾ «ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار): ‹پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن› دەيدۇ [16]. ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار) سەۋر قىلغۇچىلاردۇر، راستچىللاردۇر، (اللە قا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل - ماللىرىنى) سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە

[1] سۈرە ئال ئىمران 15- ئايەت.

سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر [17]».①

ﷲ تائالا ئۆزىنىڭ تەقۋادار دوستلىرىغا تەييارلىغان ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن ياخشى بولغان ئاخىرەت نېمەتلىرىدىن خەۋەر بەردى. ئۇلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچىسى، ئۇلار مەنپەئەتلىنىدىغان ساۋابتۇر؛ ئىككىنچىسى، بۇ بىرىنچىسىدىنمۇ كاتتا بولۇپ، ﷲ تائالانىڭ ئۇلاردىن رازى بولۇشىدۇر. ﷲ تائالادىن بىزنى ئۆزىنىڭ جەننىتىگە يەتكۈزۈشىنى سورايمىز! شۈبھىسىزكى، ﷲ تائالا مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە رەھىم قىلغۇچى زاتتۇر.

## گۈزەل ئاياللار

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فِيهِنَّ خَيْرَاتٌ حِسَانٌ﴾ «ئۇ جەننەتلەردە چىرايلىق خوتۇنلار بار».②

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ئىچكى ۋە تاشقى گۈزەللىكلەرنى ئۆزىگە جەم قىلغان، يارىتىلىشى ۋە ئەخلاقى مۇكەممەل بولغان يۈزلىرى چىرايلىق ئاياللاردۇر».③

ئۇ ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ﷲ تائالا يولىدا ئەتىگىنى ياكى ئاخشىمى بىر قېتىم جىھادقا چىقىش دۇنيا

① سۈرە ئال ئىمران 16-، 17- ئايەتلەر.

② سۈرە رەھمان 70- ئايەت.

③ ئىبنى قەييىمنىڭ «روضة المحبين» ناملىق كىتابى 243- بەت.

ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى قامچىسىنىڭ ئورنى دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. ئەگەر جەننەت ئەھلىدىن بىر ئايال زېمىن ئەھلىگە قارايدىغان بولسا، پۈتۈن دۇنيا ۋە دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى نۇرلاندۇرۇۋېتىدۇ، ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىسى ناھايىتى ئېسىل خۇشپۇراققا تولۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئايالنىڭ بېشىدىكى ياغلىقى دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر».[1]

جەننەت ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىكىنىڭ زىيادىلىشىپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن جەننەتتە بىر بازار بولۇپ ، جەننەت ئەھلى ھەر جۈمە كۈنى شۇ بازارغا بارىدۇ. شىمال تەرەپتىن بىر شامال كېلىپ ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى سىيپاپ ئۆتىدۇ - دە، ئۇلارنىڭ ھۆسن - جامالىنى تېخىمۇ چىرايلىقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلار يەنىمۇ چىرايلىقلاشقان ۋە كېلىشكەن ھالەتلىرىدە ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ، ئۆيدىكىلىرى ئۇلارغا: <الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كېتىپسىلەر> دەيدۇ. ئۇلارمۇ ئۆيدىكىلىرىگە: <الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز كەتكەندىن كېيىن سىلەرمۇ بەك گۈزەللىشىپ كېتىپسىلەر> دەيدۇ».[2]

---

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

[2] مۇسلىم رىۋايىتى.

## جەننەت ئاياللىرى ئەرلىرىگە مۇڭلۇق ئاۋازلىرى بىلەن ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىلىرىنىڭ ئاياللىرى ئەرلىرىگە ئەڭ گۈزەل ئاۋازلار بىلەن ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇ ناخشىلارنى ھېچبىر كىشى ئاڭلاپ باقمىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىدا مۇنداق سۆزلەر بار: ‹بىز ئەڭ ياخشى، گۈزەل ۋە ئەخلاقلىق ئاياللارمىز؛ ھۆرمەتلىك ۋە ئۇلۇغ قەۋمنىڭ ئاياللىرىمىز›. ئۇلار بىر تەرەپتىن ناخشا ئېيتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن شەھلا كۆزلىرى بىلەن قەلبىنى خاتىرجەم ۋە كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلىپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىدا يەنە مۇنداق سۆزلەر بار: ‹بىز مەڭگۈ ياشىغۇچىلارمىز، ھەرگىز ئۆلمەيمىز؛ بىز خاتىرجەم ۋە ئەمىنمىز، ھەرگىز قورقمايمىز؛ بىز مۇقىم تۇرغۇچىلارمىز، ھەرگىز كۆچمەيمىز›».[1]

## جەننەت ئاياللىرى سەدەپتە ساقلانغان گۆھەرگە ئوخشايدۇ

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَحُورٌ عِينٌ ۞ كَأَمْثَالِ اللُّؤْلُؤِ الْمَكْنُونِ ۞﴾ «ئۇلارغا سەدەپنىڭ ئىچىدىكى گۆھەرگە ئوخشايدىغان شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر بېرىلىدۇ».[2]

---

[1] تەبرانى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] سۈرە ۋاقىئە 22-، 23- ئايەتلەر.

تەپسىر ئىبنى كەسىردە، بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر ئاقلىقتا ۋە سۈزۈكلۈكتە ھۆل مەرۋايىتقا ئوخشاش بولۇپ، ‹الْمَكْنُونِ› دېگەنلىك ‹سەدەپتە يۆگەپ ساقلانغان› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ».①

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئۇنچە - مەرۋايىتلار ئارىسىدىن ئۈزى ئاق، رەڭگى سۈزۈك ۋە سىيلىق بولغىنىنى ئالغىن».②

## جەننەت ئاياللىرى ئاقلىقتا گويا قول تەگمەي ساقلانغان تۆگىقۇشنىڭ تۇخۇملىرىدۇر

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعِنْدَهُمْ قَاصِرَاتُ الطَّرْفِ عِينٌ ۞ كَأَنَّهُنَّ بَيْضٌ مَكْنُونٌ ۞﴾ «ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەرلىرىدىن غەيرىيگە كۆز سالمايدىغان شەھلا كۆزلۈك (جۈپتىلەر) بولىدۇ [48]. ئۇلار (ئاقلىقتا) گويا قول تەگمەي ساقلانغان تۆگىقۇشنىڭ تۇخۇملىرىغا ئوخشايدۇ [49]».③

تۆگىقۇش ئۆزىنىڭ تۇخۇمنى پەيلىرى ئارقىلىق شامال ۋە چاڭ - توزاندىن ساقلايدۇ. شۇنىڭدەك، اللە تائالا جەننەت ئاياللىرىنى پەيلەرنىڭ ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرىدىغان تۇخۇمغا ئوخشاتتى. «بَيْضٌ مَكْنُونٌ» نىڭ

① «تفسير ابن كثير» 4 - توم 287- بەت.

② ئىبنى قەييىمنىڭ «روضة المحبين» ناملىق كىتابى 245- بەت.

③ سۈرە سافقات 48-، 49- ئايەتلەر.

مەنىسى ھەققىدە ئوخشىمىغان كۆز - قاراشلار بار بولۇپ، بەزىلەر: «ئۇ شاكالنىڭ ئىچى تەرىپىدە بولىدىغان تۇخۇمنىڭ ئىچكى قىسمىدۇر» دېدى، بۇ ئىككىنچى ئوخشىتىش؛ يەنە بەزىلەر: «ئۇ ئۇنچە - مەرۋايىت بولۇپ، جەننەت ئاياللىرى ئۇنچە - مەرۋايىتنىڭ ئاقلىق ۋە سۈزۈكلىكىگە ئوخشىتىلغان» دېدى، بۇ ئۈچىنچى ئوخشىتىشتۇر. بۇ ئوخشىتىشلاردىن تاللانغىنى بىرىنچى ئوخشىتىش (يەنى ئۇلار ئاقلىقتا گويا قول تەگمەي ساقلانغان تۆگىقۇشنىڭ تۇخۇملىرىغا ئوخشايدۇ) بولۇپ، ئۇنى شەۋكانىي «فتح القدير» ناملىق كىتابىدا كۈچلەندۈرگەن، ئالۇسىي «روح المعاني»دا مۇشۇ مەنىنى تاللىغان. الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر!

## جەننەت ئاياللىرى خۇددى ياقۇت ۋە مەرۋايىتتۇر

الله تائالا جەننەت ئاياللىرىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَأَنَّهُنَّ الْيَاقُوتُ وَالْمَرْجَانُ﴾ «گويا ئۇلار (سۈزۈكلۈكتە) ياقۇتتۇر، (ئاقلىقتا) مەرۋايىتتۇر».[1]

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ھەسەن بەسرى ۋە مۇپەسسىرلەرنىڭ ھەممىسى ياقۇتنىڭ سۈزۈكلىكىنى ۋە مارجاننىڭ ئاقلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، جەننەت ئاياللىرىنى سۈزۈكلىكتە ياقۇتقا ۋە ئاقلىقتا مارجانغا ئوخشاتتى».[2]

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇجاھىد، ھەسەن ۋە ئىبنى زەيدلەردىن

[1] سۈرە رەھمان 58- ئايەت.

[2] ئىبنى قەييىمنىڭ «حادي الأرواح» ناملىق كىتابى 289- بەت.

يۇقىرىقى مەننىي نەقىل قىلغان.[①]

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «سەن ياقۇت ۋە مارجانلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزى سۈزۈك، رەڭگى چىرايلىق ۋە قىزىل ئارىلاشقىنىنى ئالغىن».[②]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «جەننەتكە ئەڭ ئاۋۋال كىرىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر 14 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك بولۇپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارقىدىن كىرىدىغانلار ئاسماندىكى ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇزلاردەك بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار جەننەتتە چوڭ - كىچىك تاھارەت قىلمايدۇ، تۈكۈرمەيدۇ، مىشقىرمايدۇ. ئۇلارنىڭ تاغاقلىرى ئالتۇندىن بولىدۇ. تەرلىرى ئىپاردەك خۇشبۇي بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسرىقدانلىرى خۇشبۇي ئۇد ياغىچىدۇر. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ھۆر پەرىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېگىزلىكى 60 گەز بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىدە بولىدۇ».[③] يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇلارنىڭ جەننەتتە ئىشلىتىدىغان قاچىلىرى ئالتۇندۇر. ئۇلاردىن چىقىدىغان تەرلىرى ئىپاردۇر. ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە گۈزەللىكىدىن تېرىسىنىڭ سىرتىدىن پاچاقلىرىنىڭ يىلىكلىرى كۆرۈنگۈدەك سۈزۈك بولغان ئىككى ئايال بېرىلىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشمايدۇ، غەزەب قىلىشمايدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبى بىر ئادەمنىڭ قەلبىدەك بولىدۇ. ئۇلار

---

[①] ئىبنى كەسىرنىڭ «تفسير ابن كثير» ناملىق كىتابى 4- توم 280- بەت.

[②] ئىبنى قەييىمنىڭ «روضة المحبين» ناملىق كىتابى 245- بەت.

[③] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەتىگەن - ئاخشامدا اللە قا تەسبىھ ئېيتىدۇ».[1] رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جەننەت ئاياللىرىنى سۈپەتلەپ: «ئۇلار گۈزەللىكىدىن تېرىسىنىڭ سىرتىدىن پاچاقلىرىنىڭ يىلىكلىرى كۆرۈنگۈدەك دەرىجىدە سۈزۈك» دېگەن سۆزى ئۇلارنىڭ گۈزەللىك ۋە سۈزۈكلۈكتە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر ئەرنىڭ ھۆر ئەيىنلەردىن بولغان ئىككى ئايالى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۈستىدە يەتمىش قۇر كىيىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ پاچىقىنىڭ يىلىكى كىيىمنىڭ تېشىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ».[2]

## ھۆر

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي مَقَامٍ أَمِينٍ ۞ فِي جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ ۞ يَلْبَسُونَ مِنْ سُنْدُسٍ وَإِسْتَبْرَقٍ مُتَقَابِلِينَ ۞ كَذَلِكَ وَزَوَّجْنَاهُمْ بِحُورٍ عِينٍ ۞ يَدْعُونَ فِيهَا بِكُلِّ فَاكِهَةٍ آمِنِينَ ۞ لَا يَذُوقُونَ فِيهَا الْمَوْتَ إِلَّا الْمَوْتَةَ الْأُولَى وَوَقَاهُمْ عَذَابَ الْجَحِيمِ ۞﴾ «تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىخەتەر جايدا بولىدۇ [51]. باغلاردا، بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ [52]. ئۇلار قېلىن، يۇپقا يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ بىر - بىرىگە قاراپ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئەھمەد رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئۆلتۈرۈشىدۇ [53]. (ئۇلارنى تۇرلۇك ھۆرمەتلەر بىلەن) مۇشۇنداق ئىكرام قىلدۇق، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىمىز [54]. ئۇلار جەننەتتە (مەيدە ئېغىرلىشىش ۋە كېسەللىكلەردىن) ئەمىن بولغان ھالدا (خىزمەتچىلەردىن) ھەممە مېۋىلەرنى (كەلتۈرۈشنى) تەلەپ قىلىدۇ [55]. ئۇلار ئىلگىرىكى (يەنى دۇنيادىكى) ئۆلۈمدىن باشقا (جەننەتتە) ھېچقانداق ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ، اللە ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ [56]».①

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «اللە تائالا جەننەت ئەھلىلىرىگە جەننەتتىكى مېۋىلەر ۋە ئۆستەڭلەردىن بولغان گۈزەل مەنزىللەر، ھەرقانداق يامان كۆرۈلىدىغان ئىشتىن ئەمىن بولۇش، چىرايلىق لىباسلار، جەننەت ئەھلىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشۇپ ئۆتكۈزىدىغان كامىل سۆھبەتلىرى ، ھۆر ئەيىن بىلەن ھاسىل بولىدىغان تولۇق لەززەتلەر ۋە مېۋىلەرنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن (يەنى مېۋىلەرنىڭ داۋاملىق يەتكۈزۈلۈپ تۇرۇلماسلىقىدىن)، زىيانلاردىن ۋە ئاپەتلەردىن ئەمىن بولۇپ، تۈرلۈك مېۋىلەرنى تەلەپ قىلىش قاتارلىق ھالەتلەرنى جەملەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا جەننەتتە ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى».②

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي مَقَامٍ أَمِينٍ ۝ فِي جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ ۝﴾ «تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىخەتەر جايدا بولىدۇ [51]. باغلاردا، بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا

---

① سۈرە دۇخان 51- ئايەتتىن 56- ئايەتكىچە.

② ئىبنى قەييىمنىڭ «حادي الأرواح» ناملىق كىتابى 284-، 285 - بەتلەر.

بولىدۇ [52]>.[1] ئورۇن — مۇقىم ۋە بىخەتەر ئورۇندۇر، ئەمىن بولۇش — ئەمىنلىك سۈپىتىنىڭ ھەممىسىنى جەملىگەن بولۇپ، ھەرقانداق يامانلىق، ئاپەت ۋە يامان كۆرۈلىدىغان ئىشلاردىن خاتىرجەم بولۇشتۇر. جەننەت ئەھلىلىرى جەننەتتىن چىقىپ كېتىشتىن ۋە بەختسىز بولۇپ قېلىشتىن ئەمىن بولغۇچىلاردۇر».[2]

اللّٰه تائالانىڭ: ﴿إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي مَقَامٍ أَمِينٍ﴾ «تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىخەتەر جايدا بولىدۇ»[3] دېگەن ئايىتى ۋە ﴿يَدْعُونَ فِيهَا بِكُلِّ فَاكِهَةٍ آمِنِينَ﴾ «ئۇلار جەننەتتە (مەيدە ئېغىرلىشىش ۋە كېسەللىكلەردىن) ئەمىن بولغان ھالدا (خىزمەتچىلەردىن) ھەممە مېۋىلەرنى (كەلتۈرۈشنى) تەلەپ قىلىدۇ»[4] دېگەن ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان ئەمىنلىكنى ئويلىنىپ بېقىڭ، اللّٰه تائالا جەننەت ئەھلىگە ئورۇننىڭ ئەمىنلىكى بىلەن تائامنىڭ ئەمىنلىكىنى جەملەپ بەردى. شۇڭا ئۇلار مېۋە - چېۋىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن، ئۇنىڭ كېيىنكى يامانلىقى ۋە زىيىنىدىن قورقمايدۇ. اللّٰه تائالا يەنە ئۇلارغا جەننەتتىن چىقىپ كېتىشتىن ئەمىن بولۇشنى ۋە ئۆلۈمدىن ئەمىن بولۇشنى جەملەپ بەردى. شۇڭا ئۇلار جەننەتتىن چىقىپ كېتىشتىن ياكى ئۆلۈپ كېتىشتىن ئەنسىرىمەيدۇ.

---

[1] سۈرە دۇخان 51-، 52- ئايەتلەر.

[2] ئىبنى قەييىمنىڭ «حادي الأرواح» ناملىق كىتابى 138- بەت.

[3] سۈرە دۇخان 51- ئايەت.

[4] سۈرە دۇخان 55- ئايەت.

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي جَنَّاتٍ وَنَعِيمٍ ۞ فَاكِهِينَ بِمَا آتَاهُمْ رَبُّهُمْ وَوَقَاهُمْ رَبُّهُمْ عَذَابَ الْجَحِيمِ ۞ كُلُوا وَاشْرَبُوا هَنِيئًا بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ ۞ مُتَّكِئِينَ عَلَى سُرُرٍ مَصْفُوفَةٍ وَزَوَّجْنَاهُمْ بِحُورٍ عِينٍ ۞﴾ «تەقۋادارلار ھەقىقەتەن جەننەتلەردە ۋە نېمەت ئىچىدە بولىدۇ [17]. ئۇلار پەرۋەردىگارى بەرگەن نەرسىلەر بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ [18]. (ئۇلارغا): ‹قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ (مۇكاپاتى) ئۈچۈن كۆڭۈللۈك يەڭلار ۋە ئىچىڭلار› (دېيىلىدۇ) [19]. ئۇلار قاتار تىزىلغان تەختلەر ئۈستىدە يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇرىدۇ، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىپ بېرىمىز [20]».①

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «اللّٰه تائالا مەنپەئەتلىك ئىلىم، سالىھ ئەمەل ۋە توغرا ئېتىقاد ئىگىلىرىنى ‹تەقۋادارلار›، مەنزىللىرىنى ‹جەننەت› ۋە جەننەتتىكى ئەھۋالىنى ‹نېمەت› دەپ تىلغا ئالدى. جۈملىدىن، اللّٰه تائالا جەننەت ئەھلىلىرىگە ھۇزۇرلىنىش بىلەن ھاسىل بولىدىغان قەلب نېمەتلىرى بىلەن يېيىش - ئىچىش ۋە نىكاھ ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغان بەدەن نېمەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى جەملەپ بەردى ھەمدە ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ۋە يامان كۆرۈلىدىغان نەرسىلەردىن ساقلاپ، ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى ئۇلارغا تولۇق مۇكاپات قىلىپ بەردى. چۈنكى ئۇلار دۇنيادا اللّٰه تائالا يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى تەرك ئېتىپ، ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلغان.

① سۈرە تۇر 17-ئايەتتىن 20-ئايەتكىچە.

شۇ سەۋەبتىن ، ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە مۇۋاپىق بولدى.

اللّٰه تائالا نېمەتلەرنىڭ جەننەت ئەھلىلىرى ئۈچۈن داۋاملىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى سۈرە تۇرنىڭ 19- ئايىتىدىكى ‹هَنِيئًا› دېگەن سۆزىدە خەۋەر بەردى. ئەگەر جەننەت ئەھلىلىرى نېمەتلەرنىڭ يوقىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ۋە ئۈزۈلۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلسە خۇشال بولمايتتى. اللّٰه تائالا جەننەت ئەھلىلىرىنىڭ ئولتۇرۇشلىرىنى ۋە كۆرۈشۈشلىرىنى سۈرە تۇرنىڭ 20- ئايىتىدىكى ‹مُتَّكِئِينَ عَلَى سُرُرٍ مَصْفُوفَةٍ› ‹ئۇلار قاتار تىزىلغان تەختلەر ئۈستىدە يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇرىدۇ› دېگەن سۆزىدە تىلغا ئالدى. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە يېقىن، ئۆزئارا قارىشىپ تۇرغان ھالەتتە رەتلىك ئولتۇرۇشنى اللّٰه تائالانىڭ تىلغا ئېلىشىدا ، ئۇلارغا نېمەتنى كامىل قىلىپ بەرگەنلىكىدىن ئاگاھلاندۇرۇش بار. ئىنساننىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا توسالغۇ يوق ، كارۋىتى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىنىڭ كارۋىتىنىڭ يېنىدا بولغان ھالەتتە ، ئۆز بوستانلىقى ۋە مەنزىلىدە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشى بىلەن سۆھبەتداش بولۇشى لەززەت ۋە نېمەتنىڭ كامىل بولغانلىقىدىندۇر». [1]

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَحُورٌ عِينٌ ۞ كَأَمْثَالِ اللُّؤْلُؤِ الْمَكْنُونِ ۞﴾ «ئۇلارغا سەدەپنىڭ ئىچىدىكى گۆھەرگە ئوخشايدىغان شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر بېرىلىدۇ». [2]

---

[1] ئىبنى قەييىمنىڭ «حادي الأرواح» ناملىق كىتابى 275- بەتتىن 278- بەتكىچە.

[2] سۈرە ۋاقىئە 22- ، 23- ئايەتلەر.

اللّٰه تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿حُورٌ مَقْصُورَاتٌ فِي الْخِيَامِ﴾ «ئۇلار (جەننەتنىڭ) چېدىرلىرىدا مەستۇرە ھۆرلەردۇر». ① «ئۇلارنىڭ جۈپلىرى ھۆر ئەينلەر بولىدۇ» دېگەن ھەدىس بۇخارى ۋە مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان. «حُورٌ» دېگەن سۆز لوغەت مەنىسىدە، كۆز ئالمىسىنىڭ ئېقى بەك ئاق، قارىسى تولىمۇ قارا بولغان ئايالنى كۆرسىتىدۇ.

ئىمام تەبەرى رەھىمەھۇللاھ اللّٰه تائالانىڭ: ﴿كَذَلِكَ وَزَوَّجْنَاهُمْ بِحُورٍ عِينٍ﴾ «(ئۇلارنى تۇرلۇك ھۆرمەتلەر بىلەن) مۇشۇنداق ئىكرام قىلدۇق، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىمىز» ② دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «اللّٰه تائالا بۇ ئايەتلەردە ئاخىرەتتە تەقۋادارلارنى جەننەتكە كىرگۈزۈش، ئۇلارغا قېلىن ۋە نېپىز يىپەك كىيىملەرنى كىيدۈرۈش ۋە ئىنتايىن گۈزەل ھۆر ئەينلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ھۆرمەتلىگەنلىكىنى تىلغا ئالدى». ③ ئۇ يەنە اللّٰه تائالانىڭ: ﴿حُورٌ مَقْصُورَاتٌ فِي الْخِيَامِ﴾ «ئۇلار (جەننەتنىڭ) چېدىرلىرىدا مەستۇرە ھۆرلەردۇر» ④ دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «<حُورٌ> بولسا <حوراء> دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، مەنىسى <ئاقلار>

① سۈرە رەھمان 72- ئايەت.

② سۈرە دۇخان 54- ئايەت.

③ ئىمام تەبەرىنىڭ «جامع البيان في تأويل القرآن» ناملىق تەپسىرى 11- توم 248- بەت.

④ سۈرە رەھمان 72- ئايەت.

دېگەنلىك بولىدۇ».[1]

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «<حُورٌ> بولسا <حوراء> دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، مەنىسى <كۆز ئالمىسىنىڭ قارىسى تولىمۇ قارا بولغان گۈزەل، مەستۇرە ياش قىزلار> دېگەنلىك بولىدۇ. <عين حوراء> نىڭ مەنىسى <قارىسى تولىمۇ قارا، ئېقى بەك سۈزۈك، قاشلىرى قارا ۋە ئۇزۇن، گۈزەللىكى كامىل> دېگەنلىك بولىدۇ. ئايال كىشىنىڭ كۆزىنىڭ قارىسى بەك قارا، ئېقى بەكلا ئاق بولۇپ لېكىن بەدىنىنىڭ رەڭگى ئاق بولمىسا <ھۆر> دەپ ئاتالمايدۇ».[2]

## كۆز

اللە تائالا ئىخلاسمەن بەندىلىرىگە خۇش بىشارەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعِنْدَهُمْ قَاصِرَاتُ الطَّرْفِ عِينٌ﴾ «ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەرلىرىدىن غەيرىيگە كۆز سالمايدىغان شەھلا كۆزلۈك (جۈپتىلەر) بولىدۇ».[3] «عِينٌ» دېگەن «عيناء» نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، مەنىسى «كۆزى چوڭ ۋە كۆزىدە گۈزەللىك سۈپەتلىرى جەملەنگەن ئايال» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىمام ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ بۇ سۆز ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

---

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامع البيان في تأويل القرآن» دېگەن تەپسىرى 11- توم 614- بەت.

[2] ئىبنى قەييىمنىڭ «حادي الأرواح» ناملىق كىتابى 285- بەت.

[3] سۈرە سافات 48- ئايەت.

«‹عِينٌ› دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ‹كۆزلىرى چىرايلىق› دېگەنلىك بولىدۇ».[1]

مۇقاتىل مۇنداق دېگەن: «‹العين› دېگەن ‹كۆزلىرى چىرايلىق› دېگەنلىك بولىدۇ. ئايال كىشىنىڭ كۆزىنىڭ چوڭ بولۇشى ئۇنىڭ گۈزەللىكلىرىنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، كۆزىنىڭ كىچىك بولۇشى ئەيىب سانىلىدۇ».[2]

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «‹العين› دېگەن ‹عيناء›نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، مەنىسى ‹كۆزنىڭ قارىسى تولىمۇ قارا، ئېقى بەكلا سۈزۈك، قاشلىرى ئۇزۇن ھەم قارا بولۇش بىلەن بىرگە كۆزى چوڭ ئايال› دېگەنلىك بولىدۇ».[3]

## ئۆز ئەرلىرىدىن غەيرىيگە كۆز سالمايدىغان ئاياللار

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعِنْدَهُمْ قَاصِرَاتُ الطَّرْفِ عِينٌ﴾ «ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەرلىرىدىن غەيرىيگە كۆز سالمايدىغان شەھلا كۆزلۈك (جۈپتىلەر) بولىدۇ».[4]

---

[1] «تفسير ابن كثير» 4- توم 8- بەت.

[2] ئىبنى قەييىمنىڭ «حادي الأرواح»ناملىق كىتابى 286- بەت.

[3] ئىبنى قەييىمنىڭ «روضة المحبين» ناملىق كىتابى 243- بەت.

[4] سۈرە سافقات 48- ئايەت.

اللہ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مُتَّكِئِينَ عَلَى فُرُشٍ بَطَائِنُهَا مِنْ إِسْتَبْرَقٍ وَجَنَى الْجَنَّتَيْنِ دَانٍ ۞ فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ۞ فِيهِنَّ قَاصِرَاتُ الطَّرْفِ لَمْ يَطْمِثْهُنَّ إِنْسٌ قَبْلَهُمْ وَلَا جَانٌّ ۞ فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ۞ كَأَنَّهُنَّ الْيَاقُوتُ وَالْمَرْجَانُ ۞ فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ۞﴾ «ئۇلار ئەستەرلىرى قېلىن تاۋاردىن بولغان تۆشەكلەرگە يۆلىنىدۇ، ئىككى جەننەتنىڭ مېۋىسى (تۇرغان، ئولتۇرغان، ياتقان ئادەممۇ ئۈزەلەيدىغان دەرىجىدە) يېقىندۇر [54]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [55] ئۇ جەننەتلەردە ئەرلىرىدىن باشقىلارغا قارىمايدىغان، ئەرلىرىدىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن ھېچ ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلمىغان خوتۇنلار بار [56]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [57] گويا ئۇلار (سۈزۈكلۈكتە) ياقۇتتۇر، (ئاقلىقتا) مەرۋايىتتۇر [58]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟».①

اللہ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعِنْدَهُمْ قَاصِرَاتُ الطَّرْفِ أَتْرَابٌ﴾ «ئۇلارنىڭ يانلىرىدا ئەرلىرىدىن غەيرىيگە كۆز سالمايدىغان، ياش قۇرامى ئوخشاش جۈپتلىرى بولىدۇ».②

---

① سۈرە رەھمان 54- ئايەتتىن 59- ئايەتكىچە.

② سۈرە ساد 52- ئايەت.

ئىبنى كەسىر ئۆز تەپسىرىدە ﴿قَاصِرَاتُ الطَّرْفِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتە سۈپەتلەنگىنى ‹ئۆز ئەرلىرىدىن باشقا كىشىلەرگە قارىمايدىغان ئاياللار› بولۇپ، ئۇلار جەننەتتە ئۆز ئەرلىرىدىنمۇ گۈزەل ھېچبىر نەرسىنى كۆرمەيدۇ».[1]

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: «مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ‹ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۆز ئەرلىرىگە توختىتىلغان بولۇپ، ئۆز ئەرلىرىدىن باشقا كىشىلەرنى ئارزۇ قىلمايدۇ› دېگەنلىك بولىدۇ» دېدى.[2] يەنى بۇ ئايەت جەننەت ئاياللىرىنىڭ كامىل ئىپپەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئەرلىرىدىن باشقا كىشىلەرنى ئارزۇ قىلمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇلار ئەرلىرىدىن رازى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرلىرىدىن باشقىسىغا كۆز سالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا جەننەت ئەھلىلىرىنىڭ جەننەت ئاياللىرى بىلەن لەززەتلىنىشى ئەڭ كامىل ۋە ۋايىغا يەتكەن بولىدۇ.

## چېدىرلاردىكى مەستۇرە ھۆرلەر

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿حُورٌ مَقْصُورَاتٌ فِي الْخِيَامِ﴾ «ئۇلار (جەننەتنىڭ) چېدىرلىرىدىكى مەستۇرە ھۆرلەردۇر»[3] دېگەن ئايىتىدىكى «مَقْصُورَاتٌ فِي

[1] «تفسير ابن كثير» 4-توم 287-بەت.

[2] ئىبنى قەييىمنىڭ «حادي الأرواح» دېگەن كىتابى 287-بەت.

[3] سۈرە راھمان 72-ئايەت.

الْخِيَامِ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئۇلار ھۆرمەتلىنىپ چېدىرلاردا ساقلانغان ھۆرلەر بولۇپ، باشقا ئەرلەرگە ئاشكارا بولمايدۇ بەلكى چېدىرلاردا يوشۇرۇن ساقلىنىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھمەھۇللاھ جەننەت ئاياللىرىنى «ئەرلەرگە ئاشكارا بولۇشتىن پۈتلىرى توختىغان ئاياللاردۇر»[1] دېگەن.

شەنقىتي باشقا ئۆلىمالار سۆزلىمىگەن بىر مەسىلىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: «بىلىڭلاركى، ھەقىقەتەن الله تائالا ھۆرلەر توختىتىلغان ئىككى ھالەتنى ماختىدى: بىرى، بىز ئىلگىرى بايان قىلغىنىمىزدەك، ئۇلار دۇنيا ئاياللىرىنىڭ ئەكسىچە ئەرلىرىدىن باشقىلارغا كۆز سالمايدىغان ئاياللاردۇر؛ يەنە بىرى، الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاياللىرى ھەققىدە ﴿وَقَرْنَ فِي بُيُوتِكُنَّ﴾ «ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار»[2] دېگەن ئايەتتە تىلغا ئېلىنغىنىدەك، ئۇلار چېدىرلىرىدىن چىقمايدىغان، چېدىرلىرىدا ساقلىنىدىغان ئاياللار بولغانلىقىدۇر. ئاياللارنىڭ ئۆز ئۆيلىرىدە ساقلانغان بولۇشى ئۇلارنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ».[3]

شەيخ ئابدۇراھمان ئىبنى ناسىر سەئدى الله تائالانىڭ: ﴿حُورٌ مَقْصُورَاتٌ فِي الْخِيَامِ﴾ «ئۇلار (جەننەتنىڭ) چېدىرلىرىدا مەستۇرە

---

[1] ئىبنى قەييىمنىڭ «حادي الأرواح» ناملىق كىتابى 290- بەت.

[2] سۈرە ئەھزاب 33- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] شەنقىتىينىڭ «أضواء البيان» ناملىق كىتابى 6- توم 313- ، 314- بەتلەر.

ھۆرلەردۇر»[1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ئۇنچە - مەرۋايىتلاردىن بولغان چېدىرلىردا ئۆزلىرىنى ئەرلىرىگە تەييارلىغان ھالەتتە، پادىشاھلارنىڭ ئۇياتچان مەستۇرە قىزلىرىغا ئوخشاش ساقلانغان ئاياللاردۇر. ھۆرلەرنىڭ چېدىرلاردا ساقلانغان ھالەتتە بولۇشى ئۇلارنىڭ جەننەتنىڭ باغلىرى ۋە بوستانلىرىغا چىقىشىغا قارشى كەلمەيدۇ».[2]

رەسۇلۇللاھ ﷺ جەننەتتىكى چېدىرلارنى سۈپەتلەپ، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، جەننەتتە ھەربىر مۇئمىنگە مەرۋايىتتىن بولغان، ئېگىزلىكى ئاتمىش گەز كېلىدىغان (يەنە بىر رىۋايەتتە، كەڭلىكى ئاتمىش گەز كېلىدىغان دېيىلگەن) بىر چېدىر بېرىلىدۇ. چېدىر ئىچىدە ئۇ مۇئمىننىڭ ئاياللىرى تۇرىدۇ. ئۇ مۇئمىن ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئاياللار بىر - بىرىنى كۆرەلمەيدۇ».[3] ئىمام نەۋەۋى يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: «بىر رىۋايەتتە چېدىرنىڭ ئاسمان تەرەپكە ئېگىزلىكى ئاتمىش گەز دەپ كەلگەن، يەنە بىر رىۋايەتتە چېدىرنىڭ كەڭلىكى ئاتمىش گەز دەپ كەلگەن. ئىككى رىۋايەت ئوتتۇرىسىدا قارشىلىق يوق بولۇپ، چېدىرنىڭ كەڭلىكى زېمىننىڭ كەڭلىكىدە، ئېگىزلىكى ئاسمانغا تاقىشىدۇ».[4]

---

[1] سۈرە رەھمان 72- ئايەت.

[2] شەيخ سەئدىنىڭ «تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان» كىتابى 1157- بەت.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[4] نەۋەۋىنىڭ «شرح مسلم» كىتابى 9- توم 177- بەت.

# كۆكسى كۆتۈرۈلگەن قىزلار

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ لِلْمُتَّقِينَ مَفَازًا ۞ حَدَائِقَ وَأَعْنَابًا ۞ وَكَوَاعِبَ أَتْرَابًا ۞﴾ «شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار نېمەتكە ئېرىشىدۇ [31]. (ئۇ نېمەت) باغلار، ئۈزۈملەردۇر [32]. تەڭتۇش قىزلاردۇر [33]».①

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ «وَكَوَاعِبَ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «‹وَكَوَاعِبَ› بولسا ‹كاعب›نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ‹كۆكسى كۆتۈرۈلگەن قىز› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سۆز لەۋزىنىڭ ئەسلى مەنىسى ‹يۇملاق› دېگەنلىكتۇر. يەنى ئۇلارنىڭ كۆكسى ئانارغا ئوخشاش يۇملاق بولۇپ، تۆۋەنگە ساڭگىلاپ قالمىغان».②

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئى ئەقىللىق ئىنسان، بۇ جەننەت ئاياللىرىنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرىدىندۇر. سىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئەرزىمەس ۋە پەس نەرسىلەرگە رازى بولماڭ. پىتنىگە چۈشكەن ھەرقانداق پاسىق ھەمراھنى ئۆزىڭىزگە ھەمراھ قىلىش سەۋەبىدىن بولىدىغان نەپسىڭىزنىڭ خارلىققا چۈشۈپ قېلىشىدىن يىراق بولۇڭ. پاسىقلارغا ھەمراھ بولۇشتا جىسملارنىڭ جەم بولۇشى شەرت ئەمەس، گەرچە پاسىقلار ئوخشىمىغان يۇرتلاردىن بولسىمۇ ۋە ئارىسىنى ئۇزۇن چۆل - باياۋانلار ئايرىپ تۇرسىمۇ، ئۇلار ئۆزئارا ھەمراھ ۋە قېرىنداشلاردۇر.

---

① سۈرە نەبە 31- ئايەتتىن 33- ئايەتكىچە.

② ئىبنى قەييىمنىڭ «حادي الأرواح» ناملىق كىتابى 295- بەت.

بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ پىتنىگە چۈشكەن بىر ئايال ياكى لەنەت قىلىنغان بىر سۈرەتتىن ناچار شەھۋەتلىرىنى ۋە كۆڭۈلسىز لەززەتلىرىنى تەلەپ قىلىشتا قەلبلىرى ئۆزئارا بىردۇر.

ئەگەر سىز اﷲ تائالاغا ھەقىقىي بەندە بولسىڭىز، مەن سىزگە ئەھۋالىنى سۈپەتلەپ بەرگەن كىشىلەرنىڭ ھارام قىلىنغان نەرسىلەرگە قۇل بولغىنىدەك، ئۇنداق نەرسىلەرگە قۇل بولماڭ بەلكى اﷲ تائالانىڭ ھۇزۇرىدىكى بۈيۈك ساۋابقا قىزىقىپ، ئۇنداق گۇناھلاردىن پاك بولۇڭ!

اﷲ تائالانىڭ: ﴿إِنَّ لِلْمُتَّقِينَ مَفَازًا ۝ حَدَائِقَ وَأَعْنَابًا ۝ وَكَوَاعِبَ أَتْرَابًا ۝﴾ «شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار نېمەتكە ئېرىشىدۇ [31]. (ئۇ نېمەت) باغلار، ئۈزۈملەردۇر [32]. تەڭتۇش قىزلاردۇر [33]»[1] دېگەن بۇ سۆزى، اﷲ تائالا ئەڭ راست ۋەدە بىلەن ۋەدە بەرگەن تەقۋادارلارنىڭ تاللىشىدۇر».[2]

## ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلىپ باقمىغان قىزلار

اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا أَنْشَأْنَاهُنَّ إِنْشَاءً ۝ فَجَعَلْنَاهُنَّ أَبْكَارًا ۝ عُرُبًا أَتْرَابًا ۝ لِأَصْحَابِ الْيَمِينِ ۝﴾ «شۈبھىسىزكى، بىز ھۆرلەرنى يېڭىدىن ياراتتۇق، ئۇلارنى پاكىز، ئەرلىرىگە ئامراق، تەڭتۇش قىلدۇق [35

[1] سۈرە نەبە 31- ئايەتتىن 33- ئايەتكىچە.

[2] ئىبنى قەييىمنىڭ «روضة المحبين» ناملىق كىتابى 243- بەت.

- 37]. بۇ ھۆرلەر سائادەتمەنلەر ئۈچۈندۇر [38]».①

ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھېساب بېرىشتىن قورققان كىشىلەرنىڭ ساۋابىنى بايان قىلىپ، اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مُتَّكِئِينَ عَلَى فُرُشٍ بَطَائِنُهَا مِنْ إِسْتَبْرَقٍ وَجَنَى الْجَنَّتَيْنِ دَانٍ ۞ فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ۞ فِيهِنَّ قَاصِرَاتُ الطَّرْفِ لَمْ يَطْمِثْهُنَّ إِنْسٌ قَبْلَهُمْ وَلَا جَانٌّ ۞ فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ۞ كَأَنَّهُنَّ الْيَاقُوتُ وَالْمَرْجَانُ ۞ فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ۞﴾ «ئۇلار ئەستەرلىرى قېلىن تاۋاردىن بولغان تۆشەكلەرگە يۆلىنىدۇ، ئىككى جەننەتنىڭ مېۋىسى (تۇرغان، ئولتۇرغان، ياتقان ئادەممۇ ئۈزەلەيدىغان دەرىجىدە) يېقىندۇر [54]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [55] ئۇ جەننەتلەردە ئەرلىرىدىن باشقىلارغا قارىمايدىغان، ئەرلىرىدىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن ھېچ ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلمىغان خوتۇنلار بار [56]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [57] گويا ئۇلار (سۈزۈكلۈكتە) ياقۇتتۇر، (ئاقلىقتا) مەرۋايىتتۇر [58]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [59]».②

اللّٰه تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فِيهِنَّ خَيْرَاتٌ حِسَانٌ ۞ فَبِأَيِّ آلَاءِ

① سۈرە ۋاقىئە 35- ئايەتتىن 38- ئايەتكىچە.

② سۈرە رەھمان 54- ئايەتتىن 59- ئايەتكىچە.

رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ۞ حُورٌ مَقْصُورَاتٌ فِي الْخِيَامِ ۞ فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ۞ لَمْ يَطْمِثْهُنَّ إِنْسٌ قَبْلَهُمْ وَلَا جَانٌّ ۞ فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ۞﴾ «ئۇ جەننەتلەردە چىرايلىق خوتۇنلار بار [70]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [71] ئۇلار (جەننەتنىڭ) چېدىرلىرىدا مەستۇرە ھۆرلەردۇر [72]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [73] ئەرلىرىدىن ئىلگىرى ئۇلارغا ھېچ ئىنسان يېقىنچىلىق قىلمىغان [74]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [75]».[1]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ساھابىلەر: <ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! بىز جەننەتتە ئاياللىرىمىزغا يېتىشەلەمدۇق؟> دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <بىر ئادەم كۈندە يۈز قىزغا ھەمراھ بولالايدۇ> دېدى».[2]

اللە تائالانىڭ: ﴿لَمْ يَطْمِثْهُنَّ إِنْسٌ قَبْلَهُمْ وَلَا جَانٌّ﴾ «ئەرلىرىدىن ئىلگىرى ئۇلارغا ھېچ ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلمىغان» دېگەن سۆزىدە شۇ قىزلار ئارقىلىق ئېرىشىدىغان لەززەتنىڭ كامىل لەززەت ئىكەنلىكى ئۇقتۇرۇلغان، چۈنكى ئەر كىشىنىڭ باشقا كىشى جىما قىلىپ باقمىغان ئايال بىلەن ھاسىل بولىدىغان لەززىتى، باشقا كىشى بىلەن جىما

[1] سۈرە رەھمان 70- ئايەتتىن 75- ئايەتكىچە.

[2] تەبرانى رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قىلىپ باققان ئايال بىلەن ھاسىل بولىدىغان لەززەتتىن ئارتۇقتۇر.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «جەننەتتە مۇئمىنگە مۇنچىلىك - مۇنچىلىك جىما قۇۋۋىتى بېرىلىدۇ» دېدى، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ، بۇنىڭغا تاقىتى يېتەمدۇ؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەئە، ئۇنىڭغا 100 كىشىلىك جىنسىي قۇۋۋەت بېرىلىدۇ» دېدى.①

## ئەرلىرىگە ئامراق

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا أَنْشَأْنَاهُنَّ إِنْشَاءً ۝ فَجَعَلْنَاهُنَّ أَبْكَارًا ۝ عُرُبًا أَتْرَابًا ۝ لِأَصْحَابِ الْيَمِينِ ۝﴾ «شۈبھىسىزكى، بىز ھۆرلەرنى يېڭىدىن ياراتتۇق، ئۇلارنى پاكىز، ئەرلىرىگە ئامراق، تەڭتۇش قىلدۇق [35 - 37]. بۇ ھۆرلەر سائادەتمەنلەر ئۈچۈندۇر [38]».② «عُرُبًا» دېگەن سۆزنى ئىمام ئىبنى كەسىر رەھمەھۇللاھ «ئەرلىرىنى ياخشى كۆرگۈچى ئاياللار» دەپ شەرھلىگەن.③ بۇ سۆزنى ئىمام ئىبنى قەييىم رەھمەھۇللاھمۇ مۇشۇ خىل مەنىدە چۈشەندۈرگەن.④

جامالى چىرايلىق بولۇش ۋە ئەرلىرىگە ئامراق بولۇش ئاياللاردىن تەلەپ قىلىنىدىغان مەقسەتتۇر. خۇددى ئىبنى قەييىم رەھمەھۇللاھ

---

① ترمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② سۈرە ۋاقىئە 35- ئايەتتىن 38- ئايەتكىچە.

③ «تفسير ابن كثير» 4- توم 293- بەت.

④ ئىبنى قەييىمنىڭ «حادي الأرواح» ناملىق كىتابى 294- بەت.

ئېيتقاندەك: «اللە تائالا ھۆرلەرنىڭ سۈرىتىنىڭ چىرايلىق بولۇشى ۋە سۆھبىتىنىڭ گۈزەل بولۇشىنى جەملىدى. مانا بۇ ئەر كىشىنىڭ لەززىتىنىڭ كامىل بولۇشى ئۈچۈن ئاياللاردىن تەلەپ قىلىنىدىغان مەقسەتتۇر».

## تەڭتۇشلار

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ لِلْمُتَّقِينَ مَفَازًا ۞ حَدَائِقَ وَأَعْنَابًا ۞ وَكَوَاعِبَ أَتْرَابًا﴾ «شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار نېمەتكە ئېرىشىدۇ [31]. (ئۇ نېمەت) باغلار، ئۈزۈملەردۇر [32]. تەڭتۇش قىزلاردۇر [33]».[1] ئىبنى كەسىر رەھمەھۇللاھ: «‹أَتْرَابًا› دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ‹ياشلىرى تەڭتۇش قىزلار› دېگەنلىك بولىدۇ» دېدى.[2]

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «جەننەت ئاياللىرىنىڭ ياشلىرىنىڭ تەڭتۇش ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشتىكى مەقسەت، ئۇلارنىڭ ئىچىدە گۈزەللىكى يوقلىپ كەتكەن قېرى ئاياللار ۋە جىنسىي ئالاقىگە تاقەت كەلتۈرەلمەيدىغان كىچىك قىزلارنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتۇر. ئوغۇللار بولسا قىزلارنىڭ ئەكسىچە. جەننەتتە جەننەت ئەھلىگە خىزمەت قىلىدىغان غىلمانلار (كىچىك بالىلار) بار».[3]

---

[1] سۈرە نەبە 31- ئايەتتىن 33- ئايەتكىچە.

[2] «تفسير ابن كثير» ناملىق تەپسىرى 4- توم 42- بەت.

[3] ئىبنى قەييىمنىڭ «حادي الأرواح» ناملىق كىتابى 288- بەت.

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «جەننەت قىزلىرى قانداقتۇر كىچىكلەرگە خاس بولغان، چوڭلار ئۇلارنى زىيارەت قىلمايدىغان ئاياللار ئەمەس بەلكى ئۇلار ياش يىگىتلەرنىڭ ياشلىرىغا تەگتۇش كېلىدىغان ياش مەستۇرە قىزلاردۇر».[1]

## خاتىمە

بۇ سىزنى ئۇلارغا ئېرىشىشكە ئىشتىياق تارتقۇزىدىغان ۋە ھۆرلەر ماكانىغا چاقىرىدىغان جەننەت ئاياللىرىنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. شۇڭا سىز ئۇلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن الله تائالانىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلغان ھالدا الله تائالانىڭ توغرا يولغا باشلايدىغانلىقىغا كەسكىن ئىشەنچ باغلاڭ!

شېئىر

يوللىرىنى جەننەتنىڭ بەردىم سۆزلەپ، سۈپەتلەپ،
مەقسەت قىلساڭ يەتمەكنى سەل قارىما قىل سەۋەب.
ئالدىرىغىن، تىرىشقىن، چاققان بولسۇن قەدىمىڭ،
بۇ ھاياتتا مېڭىشىڭ بولۇر گويا بىر سائەت.
ئاشىق بولغىن جەننەتكە، سۆزلە ھەمدە ئۆزۈڭگە،
ھايات بولساڭ بارىڭنى مەھرى ئۈچۈن سەرپ ئەت.
جەننەت ئۈچۈن جاپا چەك روزا تۇتقانلار كەبى،
يەتكەن شۇ ۋاق بولىدۇ گويا ھېيت كۈندەك.
سۈپەتلىرى جەننەتنىڭ تۈيدۇرمىسۇن چارچاشنى،

---

[1] ئىبنى قەييىمنىڭ «روضة المحبين» ناملىق كىتابى 245- بەت.

خەتەرلەردىن ھالقىغىن ، جەننەت ئەمنىدۇر پەقەت.[1]

ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى بۇ دۇنيادىكى ئەرزىمەس گۈزەللىكنى دەپ جەننەت قىزلىرىغا ئۆيلىنىشتىن سۇسلۇق قىلمايدۇ ھەمدە دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان ۋاقىتلىق ھارام لەززەتنى جەننەتتىكى ھەقىقىي ۋە كامىل بولغان لەززەتكە تېگىشمەيدۇ. كىمكى ھەقىقىي لەززەتنى ئەرزىمەس نەرسىلەرگە ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلسا ، ئۇ سودىدا زىيان تارتقان ، ئاقىۋىتى قىيىنچىلىقتا بولغان ، شەھۋىتىگە ئەسىر ، ھاياتى ۋە نەپس - خاھىشىغا قۇل بولغان كىشىدۇر.

شېئىر

سەن كەلمىدىڭ دۇنياغا ئىزدەپ دۇنياۋىي لەززەت ،
ياكى پىچەك نەرسىلەر ئەمەس ئاخىرقى مەقسەت.
ئەسلى غايە تەييارلاش ئاخىرەتكە ئوزۇقنى ،
دۇنيالىقىڭ چوڭ زىيان بولۇر ساڭا شۇ سەۋەب.
غەملەر يېدىڭ چوڭ ئىشتىن سېنى توسقان نەرسىگە ،
تەرك ئېتىپ غايىنى ، چەكتىڭ دۇنيا دەپ ھەسرەت.
ئەپسۇس بولسۇن ، ۋەللاھى بولسا قەلبىڭ سالامەت ،
قالار ئىدى ئۈزۈلۈپ بۇ مەھرۇملۇقتىن پەقەت.
مەستخۇش قىلدى قەلبنى پىچەك دۇنيا ھاياتى ،
لېكىن تاپار ھوشنى يېتىپ كەلسە ئاخىرەت.[2]

---

[1] ئىبنى قەييىمنىڭ «القصيدة النونية» ناملىق كىتابى 217- ، 218- بەتلەر.

[2] ئىبنى قەييىمنىڭ «القصيدة النونية» ناملىق كىتابى 233- بەت.

ئى ئۆزىگە ياخشىلىقنى خالايدىغان كىشى! نەسىھەتىمگە قۇلاق سېلىڭ ۋە ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىڭ. ھارام لەززەتكە ئالدىراشنى سىزگە زىننەتلەپ كۆرسەتكەن نەپس - خاھىشىڭىزغا قارشىلىق كۆرسىتىڭ، ئاللاھ تائالانىڭ ئارغامچىسىغا چىڭ ئېسىلىش، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدىكى تەقۋادارلارغا تەييارلانغان نېمەتلەرنىڭ ئېسىل ۋە مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىگە جەزم قىلىش ئارقىلىق نەپس - خاھىشىڭىزنى كونترول قىلىڭ. بىلىڭكى، لەززەتنى ھېس قىلىدىغان ئەزالارنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا قارىماي، ھارامدىن ئېرىشىلگەن ھەرقانداق لەززەت كىشىنى ھەسرەت، سىقىلىش ۋە غەم - ئەندىشىلەرگە ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولۇش بىلەن بىرگە جەننەتتىكى كاتتا ساۋابلاردىن مەھرۇم قويىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَلْتَنْظُرْ نَفْسٌ مَا قَدَّمَتْ لِغَدٍ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ ۞ وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ نَسُوا اللَّهَ فَأَنْسَاهُمْ أَنْفُسَهُمْ أُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ ۞ لَا يَسْتَوِي أَصْحَابُ النَّارِ وَأَصْحَابُ الْجَنَّةِ أَصْحَابُ الْجَنَّةِ هُمُ الْفَائِزُونَ ۞﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ تىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن، ئاللاھ تىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر [18]. سىلەر، ئاللاھ نى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر [19]. ئەھلى دوزاخ بىلەن ئەھلى جەننەت (قىيامەت كۈنى) باراۋەر بولمايدۇ،

ئەھلى جەننەت بولسا مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر [20]».①

سىزنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىڭىزگە سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىڭ ، بولمىسا ھىممىتىڭىز كېتىدۇ ، ئىرادىڭىز سۇنىدۇ. بۇ نەرسىلەر سىزنى شەيتانغا ئۇسۇل ئوينايدىغان زىيان تارتقۇچىلارنىڭ ئورنىغا ھەيدەيدىغان قامچىدۇر. شەيتان كىشىلەرنىڭ يامان ئەملى سەۋەبلىك ئۇلار ئۈستىن غالىب بولىدۇ ، لېكىن شەيتاننىڭ ھىيلە - مىكرى ئاجىز بولۇپ ، شەيتاننى دۈشمەن تۇتقان اللە تائالانىڭ ئىخلاسمەن ۋە تەقۋادار بەندىلىرىدىن شەيتان ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الشَّيْطَانَ لَكُمْ عَدُوٌّ فَاتَّخِذُوهُ عَدُوًّا إِنَّمَا يَدْعُو حِزْبَهُ لِيَكُونُوا مِنْ أَصْحَابِ السَّعِيرِ﴾ «شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر ، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار ، شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ».②

ئەمما شەيتاننى دوست تۇتقان كىشىگە كەلسەك ، شەيتان ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى شەيتانغا قۇل بولىدۇ. مانا بۇ اللە تائالانىڭ ئۆزىنىڭ زىكرىدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەرگە بولغان ھېكمىتى ۋە ئادىللىقىدۇر. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يَعْشُ عَنْ ذِكْرِ الرَّحْمَنِ نُقَيِّضْ لَهُ شَيْطَانًا فَهُوَ لَهُ قَرِينٌ ۞ وَإِنَّهُمْ لَيَصُدُّونَهُمْ عَنِ السَّبِيلِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ مُهْتَدُونَ ۞﴾ «كىمكى مېھرىبان اللە نى ياد ئېتىشتىن (يەنى

---

① سۈرە ھەشر 18- ئايەتتىن 20- ئايەتكىچە.

② سۈرە فاتىر 6- ئايەت.

قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ [36]. شەك - شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۇلارنى (يەنى ئازغۇن كۇففارلارنى) توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ [37]».[1]

قېرىنداشىم، زىيان تارتقان كىشىلەردىن ۋە شۇ كىشىلەرگە يېقىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىڭ. بولمىسا ئۇلار زىيان تارتقاندەك، سىزمۇ زىيان تارتىپ قالىسىز. ئۇلارنىڭ نەپس - خاھىشلىرى ناچار بولۇپ، ئەرزىمەس پەس ئىشلارنى ئىزدەيدۇ. نەپس - خاھىشىڭىز ئەرزىمەس ئىشلارغا رازى بولمايدىغان ۋە پەس نەرسىلەرگە قارىمايدىغان ئالىيجاناب بولسۇن!

شېئىر

ئۆتكەنلەرنىڭ ھالىغا ئىبرەت بىلەن نەزەر سال،

ئاددى نەرسەڭ ئارقىلىق ئالىي نېئمەت سېتىپ ئال.[2]

اللە تائالاغا تەقۋالىق بىلەن ئەمەل - ئىبادەت قىلىڭ. مۇكاپات تىرىشچانلىقتىن كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھېساب كۈنىگە تەييارلىغان نەرسىلىرىڭىزگە قاراڭ! ئەگەر سىز مەڭگۈلۈك جەننەتكە ئىشەنگۈچى بولسىڭىز ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى ھەربىر سائەتكە سەل قارىماي، ئۇنىڭغا كۆچەت تىكىڭ!

شېئىر

---

[1] سۈرە زۇخرۇف 36-، 37- ئايەتلەر.

[2] ئىبنى قەييىمنىڭ «القصيدة النونية» ناملىق كىتابى 233- بەت.

بىز ھەممىمىز ئاڭلىغان ، سايە باردۇر جەننەتتە ،
شۇڭا كېرەك دۇنيادا كۆچەت تىكىش ئەلۋەتتە.
«كۆچەت نېمە ؟» سورىساڭ ، ئۇلار تەسبىھ ، تەكبىردۇر.
ھەمدۇ - سانا ۋە يەنە ئىمان ئېيتىش تەۋھىدكە.
ئەپسۇس بولسۇن كۆچەتنى تەرك ئەتسەڭ ھاياتتا ،
نېمە قالار ۋاقتنى زايە قىلغان بەندىگە ؟
ئىقرار قىلىپ بۇلارنى تىرىشمىغان ئەي ئىنسان ،
ئەمەل قىلماي قانداقمۇ ئېرىشكەن بار نېئمەتكە ؟
كۆچەت تىكمەي ناۋادا تاشلاپ قويساڭ يېرىڭنى ،
قۇرۇق تۇرسا بوستانلىق نېمە قالار سۋەتكە ؟
ئۈمىد قىلدىڭ ھوسۇلنى لېكىن يېرىڭ ئۇرۇقسىز ،
قايدىن كېلەر مول ھوسۇل ، خىلاپ تۇرسا سەۋەبكە.
الله بىلەن پەيغەمبەر ئۆگەتكىنى بۇ ئەمەس ،
دەرھال قايتقىن شۇ سەۋەب قۇرئان ، ھەدىس - سۈننەتكە.[1]

نەپسىڭگە مايىل بولۇشتىن ساقلىنىڭ ، الله تائالاغا تەۋەككۇل قىلىڭ ، الله تائالانىڭ ياردىمىسىز قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ!

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىنسان ئۆزىنىڭ نەپسىگە ، چىدامچانلىقىغا ، ئەھۋالىغا ۋە ئىپپەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلىپ قالمىسۇن. ئىشەنچىسىنى ئۇلارغا قىلىپ قالغان ۋاقىتتا ، ئۇ كىشى

[1] ئىبنى قەييىمنىڭ «القصيدة النونية» ناملىق كىتابى 247- بەت.

اﷲ نىڭ قوغدىشىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ۋە ئۇ كىشىنى ئوڭۇشسىزلىق قورشايدۇ. اﷲ تائالا مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى بولغان رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْلَا أَنْ ثَبَّتْنَاكَ لَقَدْ كِدْتَ تَرْكَنُ إِلَيْهِمْ شَيْئًا قَلِيلًا﴾ «سېنى بىز (ھەقتە تۇرۇشتا) مۇستەھكەم قىلمىغان بولساق، ئۇلارغا مايىل بولۇپ كەتكىلى ھەقىقەتەن تاس قالغان ئىدىڭ»[1].[2]

اﷲ تائالادىن بىزنى جەننەت بىلەن ھۆرمەتلىشىنى، ئىسلام ئۈستىدە ۋاپات تاپقانغا قەدەر، بىزنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا پىتنىلەردىن يىراق قىلىشىنى سورايمىز. ھەقىقەتەن اﷲ تائالا دۇئالارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر ۋە بەندىلىرىگە ناھايىتى يېقىندۇر.

ئى اﷲ! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن، ئامىن!

---

[1] سۈرە ئىسرا 74- ئايەت.

[2] ئىبنى قەييىمنىڭ «روضة المحبين» ناملىق كىتابى 490-، 491- بەتلەر.

«ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار
ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ.
ئۇ يەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر بولىدۇ، ئۇلارنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك
سايىسىگە داخىل قىلىمىز».

سۈرە نىسا 57 - ئايەت

## جەننەتنىڭ ئاياللىرىنىڭ سۈپەتلىرى